مۇقەددەس كىتاب

# تېسالونىكالىقلارغا

# يېزىلغان

# بىرىنچى خەت

# تېسالونىكالىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت

## مۇقەددەس كىتاب - يېڭى ئەھدە
## (ئىنجىل)
## 13-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# تېسالونىكالىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت

## جامائەتكە سالام

1 1 پاۋلۇستىن ۋە سىلvانۇستىن ۋە تىموتىيئۇستىن خۇدا ئاتىدا ۋە خۇداۋەندە ئەيسا
مەسىھتىكى تېسالونىكالىقلارنىڭ جامائىتىگە سالام. سىلەرگە مېھىر-شەپقەت ۋە ئامانلىق
بولسۇن.
2 سىلەرنى دۇئالىرىمىزدا ياد قىلىپ، سىلەر ئۈچۈن ھەممىشە خۇداغا شۈكۈر ئېيتىمىز. 3 بىز
توختىماي خۇدا ئاتىمىزنىڭ ئالدىدا ئىمانىڭلارنىڭ ئەمەللىرىنى ۋە مۇھەببىتىڭلارنىڭ
ئەمگىكىنى ۋە خۇداۋەندىمىز ئەيسا مەسىھتىكى ئۈمىدىڭلارنىڭ سەۋرىنى ياد قىلىمىز.
4 ئەي خۇدانىڭ ئامراقلىرى بولغان بۇرادەرلىرىمىز، ئىلغانغىنىڭلارنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى
بىلىمىز. 5 بىز يەتكۈزگەن ئىنجىل يالغۇز سۆز بىلەن سىلەرگە كەلمەي، بەلكى قۇۋۋەت بىلەن
ۋە مۇقەددەس روھ بىلەن ۋە كامىل ئېتىقاد بىلەن كەلدى. چۈنكى سىلەرنىڭ مەنپەئىتىڭلار
ئۈچۈن ئاراڭلاردا قانداق تۇرغىنىمىزنى بىلىسىلەر. 6 سىلەر سۆزنى تولا تەڭلىكتە مۇقەددەس
روھنىڭ خۇشلۇقى بىلەن قوبۇل قىلىپ، بىزگە ۋە خۇداۋەندىگە ئەگەشتىڭلار. 7 شۇنداقكى،
ماكېدونىيەدىكى ۋە ئاخايەدىكى ئىشەنگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە نەمۇنە بولدۇڭلار. 8 چۈنكى
سىلەرنىڭ تەرىپىڭلاردىن خۇدانىڭ سۆزى يالغۇز ماكېدونىيەدە ۋە ئاخايەدە ئاڭلانمىدى،
بەلكى خۇداغا بولغان ئېتىقادىڭلار ھەر يەردە مەشھۇر بولدى. شۇنداقكى، ئۇنىڭ توغرىسىدا
سۆز قىلىشىمىز لازىم كەلمەيدۇ. 9 چۈنكى ئۇلار ئۆزى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا قانداق قارشى
ئېلىنغانلىقىمىز توغرىسىدىن ۋە سىلەرنىڭ ھەقىقىي تىرىك خۇداغا خىزمەت قىلماق ئۈچۈن
بۇتلاردىن خۇدا تەرىپىگە يانغىنىڭلار توغرىسىدىن خەۋەر بېرىپ، 10 ئۇلار خۇدانىڭ ئۆزى
ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن قوپۇرغان ئوغلىنىڭ، يەنى بىزنى كېلىدىغان غەزەپتىن قۇتقۇزىدىغان
ئەيسانىڭ ئاسمانلاردىن كېلىدىغىنىغا مۇنتەزىر تۇرۇشۇڭلارنى بايان قىلىدۇ.

## پاۋلۇسنىڭ تېسالونىكادىكى خىزمىتى

2 1 ئەي بۇرادەرلەر، ئاراڭلارغا كىرگىنىمىزنىڭ بىكار بولمىغىنىنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر.
2 چۈنكى سىلەر بىلگەندەك بىز ئىلگىرى فىلىپپىدە زەخمەت تارتىپ ئۇرۇلغان بولساقمۇ،
تولا مۇشەققەت تارتىپ خۇدايىمىزنىڭ قۇدرىتىدە غەيرەت قىلىپ، سىلەرگە خۇدانىڭ ئىنجىلىنى

يەتكۈزدۇق. [3] نەسىھەتىمىز ئېزىقتۇلۇقتىن يا ناپاكلىقتىن ئەمەس ۋە يا ھىيلە بىلەن ئەمەس،
[4] لېكىن خۇدا بىزنى ئىنجىلنى ئامانەت ئېلىشقا لايىق كۆرگەن ۋەجىدىن سۆز قىلىمىز. ئادەملەرنى
رازى قىلماق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كۆڭۈللىرىمىزنى تەپتىش قىلىدىغان خۇدانىڭ رىزايى ئۈچۈن
سۆز قىلىمىز. [5] سىلەرگە مەلۇم بولغاندەك، سىلىق سۆز بىلەن كەلمىدۇق ياكى تەمەخورلۇققا
باھانە قىلمىدۇق. خۇدا بىزگە گۇۋاھتۇر. [6] مەسىھنىڭ روسۇللىرىغا ياراشقۇدەك ئۆزىمىزنى
ئۇلۇغ سانىيالىساقمۇ، خاھى سىلەردىن، خاھى باشقىلاردىن بولسۇن، ئادەملەر تەرىپىدىن ئىززەت
ئىزدىمىدۇق. [7] بەلكى بىر ئانا ئۆز بالىلىرىنى پەرۋىش قىلغاندەك، ئاراڭلاردا مېھرىبانلىق
بىلەن تۇردۇق. [8] سىلەرنى شۇنداق دوست تۇتۇپ، يالغۇز خۇدانىڭ سۆزىنى ئەمەس، بەلكى
ئۆز جانلىرىمىزنى ھەم سىلەرگە بەرگىلى ئارزۇ قىلدۇق، چۈنكى سىلەرگە ئامراق بولغانىدۇق.
[9] ئەي بۇرادەرلەر، تارتقان ئەمگىكىمىز ۋە مۇشەققىتىمىز يادىڭلاردا بار. مانا سىلەرگە خۇدانىڭ
ئىنجىلىنى جاكارلاپ، ھېچبىرىڭلارغا يۈك بولماي، كېچە ۋە كۈندۈز ئىشلەتتۇق.
[10] سىلەر ئىشەنگەنلەر ئالدىدا قانداق پاك ۋە ئادىل ۋە ئەيىبسىز تۇرۇۋشىمىزغا خۇدا ۋە ھەم
ئۆزۈڭلار گۇۋاھتۇرسىلەر. [11] بىلىسىلەركى، بىر ئاتا ئۆز بالىلىرىغا نەسىھەت بەرگەندەك، بىز
ھەربىرىڭلارغا نەسىھەت ۋە تەسەللى بېرىپ، [12] سىلەرنى ئۆز پادىشاھلىقىغا ۋە شان-شەرىپىگە
قىچقارغان خۇداغا لايىق بولغۇدەك يۈرگەيسىلەر دەپ تەكىتلەپ، سىلەرنى جۈرئەتلەندۈرەتتۇق.
[13] بۇ ۋەجىدىن بىز ئۆزىمىز توختىماي خۇداغا شۈكۈر ئېيتىمىز، چۈنكى بىز ۋەز ئېيتقان خۇدانىڭ
سۆزىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا، ئۇنى ئادەمنىڭ سۆزىدەك ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتتە خۇدانىڭ سۆزى
بولغاندەك، ئۇنى خۇدانىڭ سۆزى ئىكەن دەپ قوبۇل قىلدىڭلار. [14] ئەي بۇرادەرلەر، سىلەر
خۇدانىڭ يەھۇدىيەدە مەسىھ ئەيسادا بولغان جامائەتلىرىگە ئوخشاش بولدۇڭلار، چۈنكى ئۇلار
يەھۇدىيلاردىن زەخمەت تارتقاندەك سىلەر ھەم ئۆز يۇرتلۇق خەلقىڭلاردىن زەخمەت تارتتىڭلار.
[15] يەھۇدىيلار ئۆزى خۇداۋەندە ئەيسانى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، بىزنى ھەم قوغلىدى.
ئۇلار خۇداغا مەقبۇل بولماي، ھەممە ئادەملەرنىڭ دۈشمەنلىرى بولۇپ، [16] بىزنى تائىپىلەرنىڭ
نىجاتى ئۈچۈن سۆز قىلىشتىن توسۇپ، ھەمىشە ئۆز گۇناھلىرىنىڭ ئۆلچىمىنى تولدۇرىدۇ.
ئەمما غەزەپ ھۆكۈمى ناھايىتى كۆتۈرۈلۈپ ئۇلارغا يېتىپ كەلگەن.

## پاۋلۇسنىڭ تېسالونىكالىقلارنى يوقلاش ئارزۇسى

[17] لېكىن، ئەي بۇرادەرلەر، بىز كۆڭۈل بىلەن ئەمەس، بەلكى دىدار بىلەن سىلەردىن بىر ئاز
ۋاقىت ئايرىلغان بولۇپ، چوڭ ئىشتىياق بىلەن يۈزۈڭلارنى كۆرگىلى ئوشۇقراق تىرىشتۇق.
[18] بۇ ۋەجىدىن بىز، بولۇپمۇ مەن پاۋلۇس، بىر ئىككى قېتىم ئالدىڭلارغا كەلگىلى خالىدۇق،
لېكىن شەيتان بىزنى توستى. [19] خۇداۋەندىمىز ئەيسانىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭ كېلىشىدە، بىزنىڭ
ئۈمىدىمىز ۋە خۇشلۇقىمىز ۋە پەخرىمىزنىڭ تاجى كىم ئىكەن؟ سىلەر ئۆزۈڭلار ئەمەسمۇ؟
[20] چۈنكى سىلەر بىزنىڭ ئىززىتىمىز ۋە خۇشلۇقىمىزدۇرسىلەر.

3 [1] ئۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇزۇنراق چىدىيالمىغاندا، ئۆزىمىز ئافىنادا يالغۇز قېلىشىمىزنى مۇناسىپ كۆرۈپ، [2] مەسىھنىڭ ئىنجىلىدا خۇدانىڭ خىزمەتكارى ۋە ھەمكارىمىز بولغان بۇرادىرىمىز تىموتىيۇسنى سىلەرنى ئىماندا مۇستەھكەم قىلىپ، تەسەللى بەرمەك ئۈچۈن قېشىڭلارغا ئەۋەتتۇق. [3] نەتىجىدە ھېچكىم بۇ تەڭلىكلەردە تايمىغاي، چۈنكى شۇنداق تەڭلىكلەرگە ئۇچرايدىغىنىمىزنى بىلىسىلەر. [4] سىلەر بىلەن بولغىنىمىزدا شۇنداق تەڭلىك تارتىدىغىنىمىزنى سىلەرگە ئىلگىرىدىن ئېيتىپ بەردۇق ۋە شۇنداق ۋەقە ھەم بولدى. بۇنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر. [5] بۇ ۋەجىدىن مەن ئۇزۇنراق چىدىيالمىغاندا تىموتىيۇسنى ئەۋەتتىم. سىنىغۇچى سىلەرنى سىنىغىنى بىلەن ئىشىمىز بىكار بولدىمىكىن دەپ قورقۇپ، ئىمانىڭلارنى بىلگىلى خالىدىم.

## تىموتىيۇستىن ئالغان خۇش خەۋەر

[6] لېكىن ئەمدى تىموتىيۇس سىلەرنىڭ قېشىڭلاردىن بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلگەندە، سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى ۋە مۇھەببىتىڭلارنى ۋە ھەمىشە بىزنى ياخشىلىق بىلەن ياد قىلغىنىڭلارنى ۋە بىز سىلەرنى كۆرگىلى ئارزۇ قىلغاندەك بىزنى كۆرگىلى ئارزۇ قىلغىنىڭلار توغرىسىدىكى خۇش خەۋەر بىزگە بەردى. [7] بۇ جەھەتتىن، ئەي بۇرادەرلەر، سىلەر ئۈچۈن ھەممە تەڭلىكىمىزدە ۋە زەخمەتىمىزدە سىلەرنىڭ ئىمانىڭلار بىلەن تەسەللى تاپتۇق. [8] چۈنكى سىلەر خۇداۋەندىدە چىڭ تۇرغاندىن كېيىن، يېڭىدىن تىرىلگەندەك بولدۇق. [9] سىلەرنىڭ جەھەتىڭلاردىن خۇدايىمىزنىڭ ئالدىدا سىلەردىن تاپقان خۇشلۇقىمىز ئۈچۈن كۆپايە شۈكۈر ئېيتالايمىزمۇ؟
[10] سىلەرنىڭ يۈزۈڭلارنى كۆرۈپ، ئىمانىڭلارنىڭ كەملىكىنى تۈزەتمەك ئۈچۈن كېچە ۋە كۈندۈز تولا تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلىمىز.
[11] لېكىن خۇدا ئاتىمىز ئۆزى ۋە خۇداۋەندىمىز ئەيسا مەسىھ يولىمىزنى سىلەرگە تۈز قىلسۇن.
[12] بىزنىڭ سىلەرگە بولغان مۇھەببىتىمىزدەك، خۇداۋەندە سىلەرنىڭ بىر-بىرىڭلارغا ۋە ھەممە ئادەملەرگە بولغان مۇھەببىتىڭلارنى زىيادىلەشتۇرۇپ ئاشۇرسۇنكى، [13] خۇداۋەندىمىز ئەيسا ئۆز مۇقەددەسلىرى بىلەن كەلگەندە كۆڭۈللىرىڭلار خۇدا ئاتىمىزنىڭ ئالدىدا مۇقەددەسلىكتە ئەيىبسىز بولۇپ، مۇستەھكەم بولۇپ قالغاي.

## خۇداغا مەقبۇل بولۇپ يۈرۈش

4 [1] يەنە، ئەي بۇرادەرلەر، سىلەرگە يالۋۇرۇپ، خۇداۋەندە ئەيسادا نەسىھەت بېرىمىزكى، بۇ چاغقىچە يۈرۈپ، بىزدىن تەلىم ئالغىنىڭلاردەك، خۇداغا مەقبۇل بولۇپ يۈرۈشتا تېخى زىيادىرەك ئاشقايسىلەر. [2] چۈنكى خۇداۋەندە ئەيسا تەرىپىدىن سىلەرگە قايسى بۇيرۇقلار

بەرگىنىمىزنى بىلىسىلەر. [3] چۈنكى خۇدانىڭ ئىرادىسى شۇكى، سىلەر مۇقەددەس بولۇپ، ئۆزۈڭلارنى زىنادىن يىغقايسىلەر. [4] ھەربىرىڭلار مۇقەددەسلىك ۋە ئىپپەتلىك بىلەن ئۆزىگە بىر خوتۇن ئالسۇن. [5] ئەمما خۇدانى تونۇمىغان تائىپىلەردەك شەھۋەتنىڭ ھەۋەس بىلەن خوتۇن ئالمىسۇن. [6] ھېچكىم بۇرادىرى بىلەن قىلغان مۇئامىلىدە ھېچ خىلاپلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا زەرەر يەتكۈزمىسۇن، چۈنكى ئىلگىرىدىن تەكىتلەپ، سىلەرگە ئېيتقىنىمىزدەك خۇداۋەندە شۇنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر. [7] چۈنكى ئۇ بىزنى ناپاكلىققا قىچقارماي، بەلكى مۇقەددەسلىككە قىچقاردى. [8] بۇنى رەت قىلغان كىشى ئىنساننى رەت قىلماي، بەلكى سىلەرگە ئۆز مۇقەددەس روھىنى بەرگەن خۇدانى رەت قىلىدۇ.

[9] بۇرادەرچىلىك مۇھەببەت توغرىسىدا سىلەرگە پۈتمىكىم لازىم كەلمەيدۇ. ئۆزۈڭلار بىر-بىرىڭلارنى دوست تۇتۇشنى خۇدادىن ئۆگەنگەنسىلەر. [10] چۈنكى شۇنى بارچە ماكېدونىيەدىكى ھەممە بۇرادەرلەرگە قىلدىڭلار، لېكىن، ئەي بۇرادەرلەر، شۇنىڭدا تېخى ئاشقايسىلەر دەپ، سىلەرگە نەسھەت بېرىمەن. [11] سىلەرگە بۇيرۇغىنىمىزدەك تىنچ تۇرۇپ، ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىپ قوللىرىڭلار بىلەن ئىشلەپ تۇرۇشقا تىرىشقايسىلەر، [12] شۇنداق قىلىپ، تاشقىرىقىلار بىلەن ئەدەپلىك تەرىقىدە مۇئامىلە قىلغايسىلەر ۋە ھېچكىمدىن بىر نېمە تەلەپ قىلىشقا ھاجىتىڭلار بولمىسۇن.

## ئەيسا مەسىھنىڭ قايتا كېلىشى

[13] ئەي بۇرادەرلەر، ئۈمىدى يوق بولغانلاردەك غەمكىن بولمايسىلەر دەپ، ئۆلۈمدە ئۇخلاپ كەتكەنلەر توغرىسىدا بىخەۋەر بولمىقىڭلارنى خالىمايمىز. [14] چۈنكى ئەيسانىڭ ئۆلۈپ تىرىلىپ قوپقىنىغا ئىشەنسەك، بىلىمىزكى، خۇدا شۇنىڭغا ئوخشاش ئەيسادا ئۆلۈمدە ئۇخلاپ كەتكەنلەرنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىدۇ.

[15] خۇداۋەندىنىڭ سۆزى بىلەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىمىزكى، بىز خۇداۋەندىنىڭ كېلىشىگىچە ياشاپ تىرىك قالغانلار ئۆلۈمدە ئۇخلاپ كەتكەنلەردىن ئىلگىرى چىقمايمىز. [16] چۈنكى خۇداۋەندە ئۆزى ئاسماندىن نازىل بولۇپ ۋە بىر بۇيرۇق خىتابى ۋە بىر ئۇلۇغ پەرىشتىنىڭ ئاۋازى ۋە خۇدانىڭ كانىيى ئاڭلىنىدۇ، ۋە مەسىھتە ئۆلگەنلەر ئاۋۋال قوپىدۇ. [17] ئاندىن بىز ياشاپ تىرىك قالغانلار خۇداۋەندە بىلەن ئاسماندا كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بۇلۇتلاردا كۆككە كۆتۈرۈلىمىز ۋە ئاندىن ھەمىشە خۇداۋەندە بىلەن بولىمىز.

[18] ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆزلەر بىلەن بىر-بىرىڭلارغا تەسەللى بېرىڭلار.

5 [1] ئەمما، ئەي بۇرادەرلەر، بۇ ۋەقەنىڭ زامانلىرى ۋە ۋاقىتلىرى توغرىسىدا سىلەرگە پۈتكىلى لازىم كەلمەيدۇ. [2] چۈنكى ئۆزۈڭلار خۇداۋەندىنىڭ كۈنى ئوغرىنىڭ كېچىدە كەلگىنىدەك كېلىدىغىنىنى تەھقىق بىلىسىلەر. [3] ئۇلار: «ئەمدى تىنچ-ئامانلىقتۇر» دەپ ئېيتقان ۋاقىتتا،

تولغاق ھامىلدار خوتۇننىڭ ئۈستىگە كەلگەندەك تۇيۇقسىز ھالاكەت ئۇلارنىڭ ئۈستىگە
كېلىدۇ ۋە ئۇلار قېچىپ قۇتۇلمايدۇ. [4] لېكىن سىلەر، ئەي بۇرادەرلەر، ئۇ كۈن بىر ئوغرىغا
ئوخشاش ئۈستۈڭلارغا كەلگۈدەك قاراڭغۇلۇقتا ئەمەسسىلەر. [5] چۈنكى ھەممەڭلار نۇرنىڭ
باللىرى ۋە كۈندۈزنىڭ باللىرىدۇرسىلەر. بىز كېچىدىن ۋە قاراڭغۇلۇقتىن ئەمەسمىز. [6] ئۇنىڭ
ئۈچۈن باشقىلاردەك ئۇخلىماي، ئويغاق تۇرۇپ ھوشيار بولايلى. [7] چۈنكى ئۇخلىغۇچىلار
كېچىدە ئۇخلايدۇ ۋە مەست بولغۇچىلار كېچىدە مەست بولىدۇ. [8] لېكىن بىز كۈندۈزدىن
بولغانلار ھوشيار بولۇپ، ئىماننىڭ ۋە مۇھەببەتنىڭ كۆكرەك قالقىنىنى ۋە نىجات ئۈمىدىنىڭ
دۇبۇلغىسىنى كىيەيلى. [9] چۈنكى خۇدا بىزنى غەزەپ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خۇداۋەندىمىز ئەيسا
مەسىھنىڭ ۋاستىسى بىلەن نىجات تاپماققا تەيىنلىغاندۇر. [10] بىز، خاھى ئويغاق تۇرساق،
خاھى ئۇخلىساق، ئۇنىڭ بىلەن ياشىغايمىز دەپ، مەسىھ بىز ئۈچۈن ئۆلدى. [11] ئۇنىڭ ئۈچۈن
بۇ چاغقىچە قىلغىنىڭلاردەك بىر-بىرىڭلارغا تەسەللى بېرىپ، بىر-بىرىڭلارنى تەمىر قىلىڭلار.

## ئاخىرقى تەلىم ۋە سالام

[12] لېكىن، ئەي بۇرادەرلەر، سىلەرگە يالۋۇرىمىزكى، ئاراڭلاردا ئىشلىگۈچىلەرنى ۋە سىلەرگە
رەھبەرلىك قىلىپ نەسىھەت بەرگۈچىلەرنى ئەتىۋارلاپ، [13] ئۆز ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا تولا
مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار. بىر-بىرىڭلار بىلەن ئىناق ئۆتۈڭلار.
[14] ئەي بۇرادەرلەر، تەرتىپسىز بولغانلارغا نەسىھەت بېرىڭلار، جېنى كىچىك بولغانلارنى
جۇرئەتلەندۈرۈڭلار، زەئىپلەرنى يۆلەڭلار، ھەممە ئادەملەرگە كۆڭۈل كەڭلىك قىلىڭلار دەپ،
سىلەرگە نەسىھەت بېرىمىز. [15] سەگەك بولۇڭلاركى، بىركىم يەنە بىرىگە يامانلىق ئورنىغا
يامانلىق قىلمىسۇن، لېكىن ھەر ۋاقىت بىر-بىرىڭلارغا ۋە ھەممە ئادەملەرگە ياخشىلىق
قىلغىلى تىرىشىڭلار.
[16] ھەمىشە خۇش بولۇڭلار. [17] توختىماي دۇئا قىلىڭلار. [18] ھەر ئىشتا شۈكۈر قىلىڭلار. چۈنكى
مەسىھ ئەيسادا سىلەرگە نىسبەتەن خۇدانىڭ ئىرادىسى شۇنداقتۇر.
[19] روھنى ئۆچۈرمەڭلار. [20] پەيغەمبەرلىك قىلىشنى تەھقىر قىلماڭلار. [21] ھەر نەرسىنى سىناق
قىلىپ ياخشىنى ئىلغاڭلار. [22] ھەرقانداق يامانلىقتىن قېچىڭلار.
[23] ئەمما ئامانلىقنىڭ تەڭرىسى ئۆزى سىلەرنى تامام پاك-مۇقەددەس قىلغاي ۋە خۇداۋەندىمىز
ئەيسا مەسىھنىڭ كېلىشىدە روھلىرىڭلار ۋە جانلىرىڭلار ۋە بەدەنلىرىڭلار تامامەن ئەيىبسىز
تېپىلغاي. [24] سىلەرنى قىچقارغۇچى ئىشەنچلىك بولۇپ، ئۆز ئىشىنى پۈتكۈزىدۇ.
[25] ئەي بۇرادەرلەر، بىز ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار.
[26] ھەممە بۇرادەرلەرگە بىر مۇقەددەس سۆيۈش بىلەن سالام قىلىڭلار.
[27] خۇداۋەندە بىلەن سىلەرگە يالۋۇرىمەنكى، بۇ خەت ھەممە بۇرادەرلەرگە ئوقۇلسۇن.
[28] خۇداۋەندىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى سىلەر بىلەن بولسۇن.